**يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە**

# شەرەپ ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ بەخت ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز

«شەرەپ ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ، بەخت ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ. سوتسىيالىزم ئىشلەپ يارىتىلغان، يېڭى دەۋر كۈرەش قىلىشتىن كەلگەن.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىدە ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىغا يۈكسەك باھا بېرىلدى، بۇ، كەڭ ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن زور ئىلھام ۋە تۈرتكە. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىپ، سەممىي ئەمگەك قىلىش، تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىپ، ئوموميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىمىز.

جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى چارلاش ـ ئېچىش تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو شۇگۋاڭ مۇنداق دېدى: «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى شەرىپىگە ئېرىشەلىگەنلىكىمدىن، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى نەق مەيداندا ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم، ناھايىتى ئىلھاملاندىم.» ئۇ شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى كەڭ چارلىغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ نېفىتلىك، گازلىقلارنى تېپىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، شىنۇبىن كانچىلىق گۇرۇھى (ئىلى) تەيشەن ياڭگۇاڭ يېڭى تىپتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈچاستكا باشلىقى غەيرەت ئۆمەرجان مۇنداق دېدى: «بۇ شان ـ شەرەپكە ئېرىشىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.» ئۇ شان ـ شەرەپنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىرادىسىدىن يانماي پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ياخشى باش قەھرىمان بولۇپ، يېڭى دەۋرگە تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى لىيۇ جۇنخاۋ مۇنداق بىلدۈردى: بىرىنچى سەپتىكى كەڭ يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەك ۋە ئىجاد قىلىش داۋامىدا كەڭ زېمىن ئېچىپ، تىرىشىپ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىدۇ.

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ئىبرازات مۇستاپا مۇنداق دېدى: «بىز ئەمگەك ئارقىلىق بەخت يارىتىش ئاساسىي تېما قىلىنغان تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز».

«بىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللەش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ياخشى قوغداپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى جۇ لىلى.

**(مۇخبىر لى ياڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار لياڭ لىخۇا، جاۋ جيۈن، جېڭ جو، ما يىنىڭ، فەن خۇڭبى، مېھرىگۈل غوپۇر، جاڭ يەنفاڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ئاتاۋۇللا تۇمۇر، سۈڭ شيا، فېڭ يۈلۈڭ)**

# شىنجاڭدىن 53 كىشى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى، شىنجاڭدىن جەمئىي 53 كىشى تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 37 كىشى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 16 كىشى مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى.

ئىگىلىنىشچە، ئۇلار يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، مائارىپ، پۇل مۇئامىلە، سودا، سەھىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قاتناش قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىن كەلگەن بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، تاجىك، قىرغىز مىللەتلىرىدىن ئىكەن. ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپ، ھەرقايسى سەپلەردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللەر بولۇپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا قالتىس نەتىجىلەرنى ياراتقان.

ئىگىلىنىشچە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئامانلىقى ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاغرىقلارنى ئاكتىپ قۇتقۇزغان، داۋالىغان تېببىي خادىملار؛ ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا يېتەكلىگەن باشلامچىلار؛ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىغان، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى؛ ئۇزاق يىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئۈن ـ تىنسىز ئۆزىنى بېغىشلىغان تېخنىك ئىشچىلار؛ ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ باشلامچىلىق بىلەن بېيىغان ئاددىي دېھقان ـ چارۋىچىلار؛ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاۋاتقان «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار؛ مائارىپ، پەن تەتقىقات ساھەسىدىكى تېخنىكا يېڭىلاش ماھىرلىرى ۋە باشلامچىلار بار ئىكەن. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىش ئورنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، كەچۈرمىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەربىر كىشىنىڭ شەرەپلىك كۈرەش مۇساپىسى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىلغار ئىش ئىزلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇستەھكەم غايە ـ ئېتىقادى، كۈچلۈك ئالغا ئىنتىلىش ئېڭى، ئالىيجاناب كەسىپ ئەخلاقى ۋە ياخشى روھىي قىياپىتى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، كەڭ ئىلغارلىق ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەن. ئۇلار ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسىپنى قەدىرلەش، تىرىشىپ بىرىنچى قاتاردا بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، دادىل يېڭىلىق يارىتىش، نام ـ مەنپەئەت قوغلاشماسلىق، ئۆزىنى بېغىشلاشقا جۈرئەت قىلىش»تەك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلغان.

ئاپتونوم رايون رەھبىرى تەشكىلات بۆلۈمى، ئىشتات كومىتېتى ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكىلەرگە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

# پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش كېرەك

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى يىفېي ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، ئىشتات كومىتېتى ئىشخانىسى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىكى پارتىيەلىك كادىرلارغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

لى يىفېي باش تېمىنى چىڭ كۆزلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئوموميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىش يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىتى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى شەرھلەپ، چۈشەندۈردى.

لى يىفېي مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپ(مەمۇرىيەت شۆيۈەن)لىرى قارار، تۈركۈمگە بۆلۈپ پارتىيەلىك كادىرلارنى سىستېمىلىق تەربىيەلىشى، ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، تەشكىلىي سىستېما قۇرۇلۇشى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تايانچ قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك رولى، كەڭ كادىرلارنىڭ ئۈلگىلىك، باشلامچىلىق رولى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش كېرەك.

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 104 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەرەققىياتىنى قوللاش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: قوملۇق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، ئېكولوگىيەنى قوغداش بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزگىچە قوملۇق بايلىقىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، ئىمكانىيەتلىك سېجىل تەرەققىيات يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قوملۇق بايلىقىدىن كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق ئېچىپ پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قوملىشىپ كەتكەن، چۆللىشىپ كەتكەن رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەدرىجىي تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى مۇھىم تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ھازىرقى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى قاتارلىق 17 تارماق بىرلىشىپ «ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقىتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى ئايدىڭلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار «پىكىر»نى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، «ئىككىدە قىلچە تەۋرەنمەسلىك»تە چىڭ تۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشنى دائىملاشتۇرۇش، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ساغلام، تەكشى، مۇقىم تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

# ۋەكىللىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىياتقا ئەقىل ۋە كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەكىللىك رولىمىزنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، خەلق رايىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى كەڭ توپلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان 18 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن بولۇپ، ئارىسىدا ئوقۇتقۇچى، دېھقان، مۇتەخەسسىس، ئالىم قاتارلىقلار بار. ئۇلار ئاكتىپ سۆز قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، «14 ـ بەش يىل»مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى چۆرىدەپ تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى، تەكلىپ بەردى. شەۋكەت ئىمىن ئەستايىدىل ئاڭلىدى، كۆپچىلىك بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «14 ـ بەش يىل»مەزگىلى دۆلىتىمىز يېڭى تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل، شۇنداقلا شىنجاڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

شەۋكەت ئىمىن مۇنداق كۆرسەتتى: خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق ئارىسىدىن كەلگەن، خەلق ئارىسىدا يېتىلىپ تارتقان، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى ئۆز خىزمەت ئورنىغا قويۇپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىا ياقتۇرىدىغان شەكىل، پۇقرالار ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان تىل ئارقىلىق پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىپ، تەرەققىيات ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىش كېرەك؛ كەسىپ ئەۋزەللىكى ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئەقلىي كۈچ مەدەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە قارىتا قىممەتلىك، ئاساسى بار تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىش كېرەك؛ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»مەزگىلىدىكى تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ، ھۆكۈمەتنىڭ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىشى، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشىنى قوللاپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاش، ياخشى قەدەم ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)